# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، قىلچە بوشاشماي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان ئالىيجاناب روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا تېخىمۇ ياخشى رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ قوللىشى ۋە يېتەكلىشىدە، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى قاتارلىق ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى، كېڭەيدى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن جەزمەن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ ۋە كەسكىن، قايتا كۆرۈلۈش خەۋپ ـ خەتىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، سەللا بوشاڭلىق قىلىنسا، ئەجىر يوققا چىقىشى، ئېغىر بەدەل تۆلىشىمىز مۇمكىن. تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەڭ نەتىجىسىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئىرادىنى ساقلاپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىدىيەدە بوشاشماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھازىر، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەنىلا كەسكىنلەشكەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوشىشىپ كېتىش روھىي ھالىتىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، داۋاملىق تۈردە تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تەدبىردە بوشاشماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، جەڭ مېۋىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. مەھەللە، يېزىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاساسىنى پۇختىلاپ، باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما خىزمىتى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي تۇرمۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىق مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلمىي، دەل، توغرا تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سالامەتلىكنى سەييارە تەكشۈرۈش جايىدا بولۇش، مۇلازىمەت كاپالىتى جايىدا بولۇش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، تازىلاش جايىدا بولۇش، پىسخىكىلىق يېتەكلەش جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنى باشقۇرۇش ـ يۈرۈشتۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، «قاراۋۇل»لۇق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىن كېلىشىپ نومۇر ئېلىش ۋە ئالدىن تەكشۈرۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويۇشنى ياخشى ئىشلەپ، دوختۇرخانىدا گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش يۈزبېرىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ پەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، داۋالاشنى بىرخىللاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىستىلدا بوشاشماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قانچىكى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا، شۇنچىكى بىرلا غەيرەتكە كېلىدىغان ئىرادە ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان غەيرەت بولۇشى، شۇنچىكى قاتتىق، ئىنچىكە، چوڭقۇر، پۇختا ئىستىل ۋە ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ھالەتنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، يۈزەكى ئىش قىلىش، قۇرۇق شوئار توۋلاش، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىي جايىدىن قول سېلىپ، ئىنچىكە نۇقتىلارغا كۈچەپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىق، دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، قاتىلامۇ قاتىلام كۈچەپ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىش، تەدبىرلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىگتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىگتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت دەپ بىلىشى، بىرىنچى قول رەھبەر ئۆزى تۇتۇپ، باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرىنچى سەپتە قوماندانلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىرىنچى سەپتە ئاتاكىغا ئۆتۈپ جەڭ قىلىشى كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرى جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پەرقلەندۈرۈش، باھالاش، ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، دادىل ئىشلىتىش، ئۆستۈرۈپ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلدىغاننى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، خىزمەتتە كۆپتۈرمىچىلىك قىلغان، يۈزەكى ئىشلەپ مەسئۇلىيەتتىن قاچقان، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغانلارغا قارىتا، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

## خەلقنىڭ ساغلاملىقى، بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېببىي ئەخلاقنى قەدىرلەپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تېببىي ئىستىلغا ئەمەل قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئېلىپ، تېبابەتچىلىك تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش، خەلقنىڭ ساغلاملىقى، بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«بىز تېببىي خادىملارنىڭ بۇرچى خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش، خەتەر سەۋەبىدىن چېكىنمەيمىز، جاپا ـ مۇشەققەت سەۋەبىدىن بوشىشىپ كەتمەيمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەر تېببىي 2 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ما لۇڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ھال سورىغانلىقىدىن ئىنتايىن ئىلھاملىق ھېس قىلغانلىقىنى، قەلبىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچ ـ قۇدرىتىگە تولغانلىقىنى ئېيتتى، «دوختۇرخانىدا يەنە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ئېھتىياجلىق ئاغرىقلار بار. بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئالىمىز، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمىز».

ياڭ شۆيۈ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى تەجرىبىخانىسىنىڭ خادىمى، ئۇ ھاۋا ئۆتكۈزمەيدىغان مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ، بېشىدىن ئايىغىچە «قوراللىنىپ»، ھەر كۈنى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ ئاز دېگەندە تۆت ـ بەش سائەت ئىشلەيدۇ، «باش شۇجىنىڭ يۇقۇمغا قارشى تۇرۇش بىرىنچى سېپىدىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىدىن زور ئىلھاملاندىم. يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق! بىز تەكشۈرۈش تەجرىبىسىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ دەل، توغرا ئىشلىسەكلا، ئاندىن يۇقۇمنى ياخشى تىزگىنلەشكە ياردەم بېرەلەيمىز. ۋىرۇسنى مەغلۇپ قىلىش، پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەرزىيدۇ».

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى نېرۋا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ كاندىدات مۇدىر ۋىراچى باۋ گوچىڭ بۇ دوختۇرخانىنىڭ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە ئاجرىتىپ ئەۋەتىلىپ، نەچچە ئون دوختۇر ـ سېستىرا بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپتىن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان گۇمانىي ئاغرىقلارنى ئىلغاپ تەكشۈرسە، بىر تەرەپتىن باشقا خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، «مەن باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەۋقەنى ئىش ئورنۇمغا قويۇپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى قوغدايمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى، داۋالاشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى فېڭ دۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، تېببىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، تېببىي پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش رولىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، خەلققە مۇلازىمەت قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ياخشى دوختۇرلارنى تەربىيەلەيمىز؛ تېببىي خادىملارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا چىن قەلبىمىزدىن كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىمىز.

«داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن ئايرىلالمايدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئۇل تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى يۈ يىخرۇڭ مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، پەن تەتقىقات سۇپىسى قۇرۇلۇشى، پەن ـ تېخنىكا تۈرى سېلىنمىسى ھەم ئىختىساسلىقلار مەددىتى قاتارلىق تەرەپلەردە داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ساھەسىدىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشىنى قوللاپ، داۋالاش تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ داۋالاش پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقىلىق كەڭ پۇقرالارنى مەنپەئەتلەندۈرىمىز.

**(مۇخبىر سۇ لۇپىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار لى چۈنشيا، چاۋ جىن، يۈ مېڭرەن، شيې خۇيبيەن، پىراكتىكانت خۇ شۆشەن)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى مۇھىم رول ئوينىدى.» ياڭ جيەنمىڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 95% تېرىلغۇ يەر بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق قوغدالدى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى، چوڭ تىپتىكى بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان غول ئورمان بەلبېغى ۋە تەبىئىي چۆل ئورمىنىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ ئورمان تۈرى، كۆپ بەلباغ شەكلى، دەرەخ ـ چاتقال ـ ئوت، تور ـ دائىرە ـ بەلباغ بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىشنى كۈچلۈك ئېكولوگىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇزاق يىللار داۋامىدا، بەزى ئورمان بەلباغلىرىدا چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرى پەيدا بولدى. «بىز نۆۋەتتە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش، ئورمان يېتىشتۈرۈش، زىچلاشتۇرۇش، چاتقالنى تەكشىلەش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنىدىكى چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ مۇھىتىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ياۋروپا دۇب دەرىخى، ئەرمۇدون، ئۇزۇن شاخلىق قارىياغاچ قاتارلىق يەرلىك دەرەخ تۈرلىرىنى ئاساسلىق دەرەخ تۈرى قىلىپ تىكىپ، دەرەخ تۈرى قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇردۇق» دېدى ياڭ جيەنمىڭ.

ساۋەن ناھىيەسىنىڭ جىنگوۋخې بازىرىدىكى دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيەسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان چېكىنگەن ئورمان بۆلتۈر ئومۇمىيۈزلۈك كېسىۋېتىلدى، يېڭى تىكىلگەن دەل ـ دەرەخلەر ساغلام ئۆسۈۋاتىدۇ. «بۇ بۆلەك ئورمان بەلبېغى ئىلگىرى تېز ئۆسىدىغان تېرەك بولۇپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنى دەرەخ غولىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چۈرۈكلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، بوران چىقسىلا ئاسان سۇنۇپ كېتىپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپلا قالماي، يەنە يول بىخەتەرلىكىگە يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلغانىدى.» ساۋەن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئورمان بىنا قىلىش بۆلۈمچىسىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى ۋېي شياڭخۇڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل بىز چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدون تىكتۇق، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنى خېلىلا ئازايدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر مو يەردىكى تىكىش زىچلىقىنى 170 تۈپ ئەتراپىدىن 80 تۈپكە تۆۋەنلىتىپ، كېيىنكى مەزگىللىك باشقۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىش قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتۇق».

يېڭى دەرەخ تۈرلىرىمۇ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپ ئىشلىتىلدى. جىڭ ناھىيەسى 2020 ـ يىلى چېكىنگەن 15 مىڭ مولۇق ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى پىلانلىدى. داخېيەنزى بازىرىنىڭ خۇسايىن تېرەك كەنتىدە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دۇڭ شىلىن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل كەنتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمان بەلبېغى چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، ئاساسلىقى سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى، دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان سېرىن، گىلاس قاتارلىق كۆچەتلەر تىكىلدى، ھۇزۇرلىنىشچانلىقى، ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقى ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداش جەھەتتە ئىلگىرىكىدىن ياخشى بولدى».

بۈگۈنكى كۈندە، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىمكانىيەتلىك سىجىللىق نامايان بولماقتا. قۇملۇقتا يۇلغۇن بىلەن توشقانزەدىكى بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆسمەكتە، ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىدا چوڭ دەرەخ، ئۇششاق كۆچەتلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلۇشۇپ ئۆسمەكتە. «بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز 2 مىليون مو ئورمان بىنا قىلىشنى پىلانلىدى، ‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، ھەر يىلى پىلان بويىچە تەخمىنەن 1 مىليون مو ئورمان بىنا قىلىنىدۇ» دېدى ياڭ جيەنمىڭ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە ياردەم بېرىۋاتقان گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، تېببىي خادىملىرىغا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرگە بايراملىق سالام يوللىدى، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر تولۇق قوراللىنىپ، قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئاتلىنىپ، ھاياتلىقنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپى بەرپا قىلدى. سىلەر مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىڭلارغا ئېلىپ، ئۆزۈڭلارنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋردىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەپ، تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبان قەلبى، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى شەرھلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىدىڭلار.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك نۆللەشتۈرۈش، نەتىجىنى مۇستەھكەملەش، قايتا كۆرۈلۈشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل. كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، يۇقۇم قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاشتىكى قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ يېڭىپ، كىلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، بىخەتەرلىك مۇداپىئەسى، تۇرمۇش مۇلازىمىتى ۋە پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتى، تەرەققىيات بوشلۇقى، كەسپكارلىق مۇھىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ ۋە كاپالەتلەندۈرۈپ، تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي شەرەپ تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەممە بىر نىيەتتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى يەنىمۇ مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، لى يىفېي قاتارلىقلار بىرلىكتە ھال سورىدى.